# پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن جەمئىيەت قەھرىمانلارنى ھۆرمەتلەپ، قەھرىمانلاردىن ئۆگىنىپ، قەھرىمانلارغا غەمخورلۇق قىلىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى مۇجەسسەملىشى كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئەسلىي مەقسەتنى ئۆزگەرتمەي، كۆرەشنى توختاتماسلىق روھىنى نامايان قىلدىڭلار.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭخۇا مىللىتى قەھرىمانلار كۆپلەپ چىقىدىغان مىللەت، يېڭى دەۋر قەھرىمانلارنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان دەۋر. پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن جەمئىيەت قەھرىمانلارنى ھۆرمەتلەپ، قەھرىمانلاردىن ئۆگىنىپ، قەھرىمانلارغا غەمخورلۇق قىلىپ، قەھرىمانلىق روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى مۇجەسسەملىشى كېرەك.

سىچۈەن ئۆلكىلىك ئىنقىلابىي ياردار ـ مېيىپ ھەربىيلەر ئارام ئېلىش ـ كۈتۈنۈش ئورنى 1951 ـ يىلى قۇرۇلغان، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ جەمئىي 2800دىن كۆپرەك ياردار ـ مېيىپ ھەربىينى بېقىۋاتقان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان تەخمىنەن 2200 كىشى بار. 60 نەچچە يىلدىن بۇيان، بۇ ئارام ئېلىش ـ كۈتۈنۈش ئورنىدىكى ياردار ـ مېيىپ ھەربىيلەر ئادەتتىكى كىشىلەر تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، كۈچىنىڭ يېتىشىچە ۋەتىنىمىزنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى، 10 مىڭ مەيدانغا يېقىن ھەقسىز ئەنئەنىۋى تەربىيە دوكلاتى بەردى، ئاڭلىغۇچى ئاما 3 مىليوندىن ئارتۇق ئادەم قېتىمغا يېتىپ، جەمئىيەتتە ئاكتىپ ئىنكاس پەيدا قىلدى. 2019 ـ يىلى، بۇ ئارام ئېلىش ـ كۈتۈنۈش ئورنى «مەملىكەت بويىچە ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر خىزمىتىدىكى نەمۇنىلىك ئورۇن» بولۇپ تەقدىرلەندى. يېقىندا، بۇ ئارام ئېلىش ـ كۈتۈنۈش ئورنىدىكى پېدائىي قىسمىنىڭ پېشقەدەم جەڭچىسى تۇ بويى بارلىق ياردار ـ مېيىپ ھەربىيلەرگە ۋەكىل بولۇپ رەئىس شى جىنپىڭغا خەت يېزىپ، خىزمەت ۋە تۇرمۇش ئەھۋالىنى دوكلات قىلىپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، خىسلىتىنى ساقلاپ، داۋاملىق تۈردە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈچ قوشۇش ئىرادىسىنى بىلدۈرگەندى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تېببىي شىسىنىڭ ئوقۇغۇچىسى قەدىردىيە ئەخمەت مۇنداق دېدى: «بىزنىڭ ھازىرقى بەختلىك تۇرمۇشىمىز، ئازادە ئوقۇش مۇھىتىمىز ۋە ياتاق شارائىتىمىزنىڭ ھەممىسى شىنجاڭدا بۇ بىرقانچە يىلدا بولغان غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى ئىسپاتلايدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلققە قىلغان غەمخورلۇقىدىن ئايرىلالمايدۇ، بىز چىن كۆڭلىمىزدىن پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز، ئۇلۇغ ۋەتەنگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز. مەن مىننەتدارلىق ھېسسىياتىمنى يۇرتۇمنى قۇرۇش، ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇشتىكى ئەمەلىي ھەرىكىتىمگە ئايلاندۇرۇپ، كەسپىي بىلىملەرنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن يۇرتۇمنىڭ داۋالاش ـ سەھىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچ قوشىمەن».

10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مالىيە ـ ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى گاۋ جيەنلۇڭ باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيەسىدە لېكسىيە سۆزلىدى. چۈشتىن كېيىن، ئۇ باركۆل بازىرى شىنشى يولى مەھەللىسىگە كېلىپ، مەھەللە كادىرلىرى، ئاما بىلەن پىكىر ئالماشتۇردى. كۆپچىلىك لېكسىيە دوكلاتىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنداق بىلدۈردى: ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىمىزنى يىغىننىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، كۈچىمىزنى يىغىندا بېكىتىلگەن تۈرلۈك نىشان ـ ۋەزىپىلەرگە مۇجەسسەملەپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۈچىمىزنى تەقدىم قىلىمىز.

«لېكسىيە ئىنتايىن جانلىق بولۇپ، كۆپچىلىكنىڭ دىققىتىنى مەھكەم رام قىلىۋالدى، نەزەرىيەدە ۋەزىيەت ئومۇمىيۈزلۈك ئىگىلەنگەن، مىساللار ئىنتايىن جانلىق بولۇپ، مېنى 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى توغرىسىدا تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇش، چۈشەنچىگە ئىگە قىلدى» دېدى بۇ ناھىيەنىڭ شىرىنزى يېزىلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى كۇڭ يۈلىڭ.

10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە مەكتىپى (مەمۇرىيەت شۆيۈەنى)نىڭ مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى (شۆيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى) دۆەن لياك لوپنۇر ناھىيەسىدە لېكسىيە سۆزلىدى.

لوپنۇر ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى سۈن خۇي مۇنداق دېدى: «بۇ مەيدان لېكسىيەنىڭ بىزنىڭ 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى يەنىمۇ چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈشىمىزگە بولغان ياردىمى ئىنتايىن چوڭ بولدى. بۇنىڭدىن كېيىن، ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى ئاما ياقتۇرىدىغان شەكىللەرنى قوللىنىپ، يىغىننىڭ روھىنى ياخشى تەشۋىق قىلىپ، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىدىن ھەممە ئائىلىنىڭ خەۋەردار بولۇشىغا، كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ».

**(مۇخبىر لياڭ لىخۇا، قاتناشقان مۇخبىرلار شيا چىڭ، باينغولىن مۇخبىرلار پونكىتىدىن لى لىڭ، ئىختىيارىي مۇخبىرلار يەن تىڭ، تيەن تېڭشەن، جوۋ فېڭ، جاڭ شىنلوڭ، نۇربولات، چاڭ شۆخۇي)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىي ماھىيىتى ۋە مول ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قەتئىي تەۋرەنمەي ياخشى تۇتۇپ، شىنجاڭ خىزمىتىدە باشتىن ـ ئاخىر توغرا سىياسىي يۆنىلىشنى ساقلاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭ خىزمىتىنى يەنە يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداشنى دائىملاشتۇرۇش، قانۇنچىللاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىم، ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشىنى ساقلاش؛ شىنجاڭنى ئىتتىپاقلىشىپ مۇقىم قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەش؛ شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەشنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، «بەشنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش»نى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ئەبەدىي ئەمىنلىكنىڭ ئىدىيەۋى ئاساسىنى پۇختىلاش؛ خەلقنى بېيىتىپ شىنجاڭنى روناق تاپقۇزۇشتا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، خەلقنى مەركەز قىلىپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئېھتىياجىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇش؛ شىنجاڭنى ئۇزاققىچە گۈللەندۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، نېگىزگە، ئۇلغا، ئۇزاق كەلگۈسىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرگە سىجىل كۈچەپ، بوشاشماي كۈرەش قىلىپ، ئەبەدىي ئەمىنلىككە ئاتلىنىشقا پۇختا ئاساس سېلىش كېرەك.

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى ھەرقايسى تارماقلار 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، يۈكسەك ئىدىيەۋى ئاڭلىقلىق، سىياسىي ئاڭلىقلىق، ھەرىكەت ئاڭلىقلىقى بىلەن، روھىي ماھىيىتىنى تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ، يادرولۇق مۇھىم مەزمۇنىنى ئىگىلەپ، يۇقىرى ئۆلچەم، قاتتىق تەلەپتە چىڭ تۇرۇپ، ئالدىدا مېڭىپ، ئۈلگە بولۇپ، ھەقىقىي تۈردە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت تەلىپى بويىچە، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى تېخىمۇ ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، تىرىشىپ ئىتتىپاق ـ ئىناق، ئاۋات ـ باي، مەدەنىي بولغان، تەرەققىي قىلغان، خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەيدىغان، ئېكولوگىيەسى ياخشى بولغان يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

ئەركىن تۇنىياز، جارۇللا ھېسامىدىن، جاۋ چىڭ، قادىلبېك قامزا، سۈن خۇڭبې، لىيۇ سۇشې قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

---

## 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
## تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

قەشقەر شەھىرى:

# ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە ياردەم بېرىپ، يۆلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئاساسقا ئىگە قىلدى

ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش بويىچە «100 شەھەر، 1000 ناھىيە، 10 مىڭ كەنتتە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى»

□ پۈتۈن تارانقۇ مۇخبىرىمىز ياڭ شۈخەن

«بۈگۈنكى كۈندە، مەن ھۈنىرىمگە تايىنىپ ئىشىكىم ئالدىدىلا پۇل تاپالايدىغان بولدۇم، ھەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇم» دېدى 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى قەشقەر شەھىرىنىڭ ئاۋات يېزىسى يارباشى كەنتىدىكى توبا زاۋۇتىنىڭ 28 ياشلىق ئىشچىسى بۇخەلچە تۇردى مۇخبىرغا.

بۇخەلچە ئىلگىرى كەنتتىكى نامرات ئائىلە ئىدى. ئىلگىرى ئائىلىسىدە ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا تېگىشلىك ياشىنىپ قالغان چوڭلار ۋە گۆدەك باللار بولغاچقا، ئۇ سىرتقا چىقىپ ئىشلەپ پۇل تاپالمايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىشىكى ئالدىدا مۇقىم كىرىمى بار خىزمەتمۇ تاپالمايتتى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، قەشقەر شەھىرى شارائىتىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، سىجىل ھالدا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە يۆلەش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتتى، ئاما ھەم كەنتتىكى نامراتلارنى يۆلەش زاۋۇتى، بالىلارنى ھاۋالىلىك بېقىش ئورنى، بەخت چوڭ قورۇسى، ھەمكارلىق كوپېراتىپىنى تاللاپ ئىشقا ئورۇنلاشسىمۇ، ھەم ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەپ ئىشقا ئورۇنلاشسىمۇ بولىدىغان بولدى. بۈگۈنكى كۈندە، قەشقەر شىمالىي كەسپىلەر باغچىسىدىكى ئەمگەك كۈچى جۇغلەشكەن 46 كارخانا ۋە شەھەر ـ يېزا 3 ـ كەسىپ مۇلازىمەت كەسپىگە تايىنىپ، پۈتۈن شەھەردىكى 22 مىڭ نامرات ئائىلىنى يېقىن ئەتراپتا، ئۆز جايىدا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى «قان بېرىش شەكلى»دىن «قان ئىشلەش شەكلى»گە ئۆزگەرتتى.

9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، قەشقەر شىمالىي كەسپىلەر باغچىسىدىكى بىر كىيىم ـ كېچەك زاۋۇتىدا ھەنىپگۈل ئۆمەر ئىشچىلارنىڭ تىككەن كىيىملىرىنى تەكشۈرۈۋاتاتتى.

«مېنىڭ نىشانىم سېخ مۇدىرى بولۇش!» 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، ئىلگىرى ئائىلە ئايالى بولغان ھەنىپگۈل ئۆمەر تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن مۇنداق دېدى: تەربىيەلىنىش ئارقىلىق ئىش ئورنىغا چىقتىم، خىزمەتكە چۈشۈپ بىر يىل بولمايلا، مەن ئىككى ئاقما لىنىيەگە مەسئۇل گۇرۇپپا باشلىقى بولدۇم، ئايلىق مائاشىم 4000 يۈەندىن ئاشىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، قەشقەر شەھىرى 20 مىليون يۈەنگە يېقىن مەبلەغ سېلىپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش ماھارىتى بويىچە تەربىيەلەشنى يولغا قويۇپ، كۆپ يوللار ئارقىلىق ئىش ئورنىنى كۆپەيتتى. شىمالىي كەسپىلەر باغچىسىدىكى ئەمگەك كۈچ جۇغلەشكەن كارخانىلارغا بىر تۈركۈملەرنى قوبۇل قىلىش، يېزا ـ كەنتلەردىكى نامراتلارنى يۆلەش زاۋۇتلىرىغا يېقىن ئەتراپتا، ئۆز جايىدا بىر تۈركۈملىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، يېزا كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىنىڭ كۆلەملىك تىجارىتى ۋە ئېكولوگىيەلىك ئورمان مۇھاپىزەتچىلىكىگە بىر تۈركۈملىرىنى يۆتكەش، پۈتۈن رايون ساياھىتى ئارقىلىق بىر تۈركۈملىرىنى يېتەكلەش قاتارلىق يوللارغا تايىنىپ، ئەمگەك كۈچى بار نامرات ئائىلىنىڭ مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇردى.

«ئۆيدىكى قوي ـ كاللارنى باقمىچىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ ھاۋالىلىك باشقۇرۇشىغا بەردۇق، ئازغىنا يەرنىمۇ ئوبوروت قىلىۋەتتۇق، تېخى يەسلىگە كىرمىگەن باللارغا كەنتتىن مەخسۇس ئادەم قارايدىغان بولدى، غەم ـ ئەندىشىمىز قالمىدى، بىزنىڭ ئىشلەش قىزغىنلىقىمىز تولۇپ تاشتى!» دېدى 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى قەشقەر شەھىرىنىڭ پاختەكلى يېزىسى سوغۇلۇق كەنتىدىكى نامراتلارنى يۆلەش سېخىدا كەنت ئاھالىسى گۈلبەھرەم مەتسەيدى توك پارنى چاققانلىق بىلەن قۇراشتۇرغاچ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، قەشقەر شەھىرى دەل جايىدا «ھاۋالە قىلىش» «ئوبوروت قىلىش» تەدبىرلىرىنى قوللىنىش ئارقىلىق، پۇختا، كۈچلۈك «ئارقا سەپ كاپالىتى» بىلەن تەمىنلەپلا قالماي، يەنە كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىنى كېڭەيتتى.

ئىستىقبال باقمىچىلىق كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى، قەلبداشلار باقمىچىلىق كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى قاتارلىق 13 باقمىچىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا تايىنىپ، پۈتۈن شەھەردىكى 4900دىن ئارتۇق ئائىلىدىكى نامرات ئاھالىنىڭ 31 مىڭ تۇياق قويى ئۈچ يىل ھاۋالىلىك بېقىلدى ھەم سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلىۋاتقانلارنىڭ يېرى ئوبوروت قىلىندى؛ بالىلارنى ھاۋالىلىك بېقىش ئورنىدىن 141نى، يېزا ـ كەنت بەخت ياشانغانلار ساناتورىيەسىدىن 94نى قۇرۇپ، ياشانغانلار ۋە باللارغا كۆڭۈل بۆلۈش، كۆيۈنۈشنى كۈچەيتىپ، سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلىۋاتقانلارنىڭ ياشانغانلار ۋە باللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالماسلىقتەك غەم ـ ئەندىشىسىنى تۈگەتتى...

بۈگۈنكى كۈندە، قەشقەر شەھىرى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە نامراتلارنى يۆلەشنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتتى، زور بىر تۈركۈم نامرات ئاما «ئوچاق بېشىدىن ماشىنا ئالدىغىچە، ئېتىز بېشىدىن سېخقىچە، دېھقاندىن سانائەت ئىشچىسىغىچە» بولغان «رەڭدار ئۆزگىرىش»نى ئىشقا ئاشۇردى.

قەشقەر شەھەرلىك ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ئىدارىسى ئادەم كۈچى بايلىقى ئېچىش ـ باشقۇرۇش مەركىزىنىڭ مۇدىرى لى لىنشيۇ مۇنداق تونۇشتۇردى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، قەشقەر شەھىرى نامرات ئاممىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئەڭ بىۋاستە، ئەڭ ئۈنۈملۈك ياردەم بېرىش ـ يۆلەش ئۇسۇلىنى چىڭ تۇتۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە نامراتلارنى يۆلەش خىزمەت مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە نامراتلارنى يۆلەش تەدبىرلىرىدە يېڭىلىق يارىتىپ، نامرات ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى، ئىگىلىك تىكلىشىگە پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەم بەردى، بارغانسېرى كۆپ نامرات ئائىلە كۆپ يول، كۆپ قاتلام، كۆپ ئىش تۈرى بويىچە ئىشقا ئورۇنلاشتى. ھازىرغىچە، پۈتۈن شەھەردىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېكىتىلگەن نامرات ئائىلىلەر، نامراتلىق گىرۋىكىدىكى ئائىلىلەردىن 31 مىڭ كىشى مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتى، ئۇلارنىڭ كىرىمى ئاشۇرۇپ بېيىش يولى بارغانسېرى كېڭەيدى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

قاتارلىق ئىچكىرى رايونلاردىكى ئالىي مەكتەپلەر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۈكسەك سىياسىي ئاڭلىقلىقى ۋە ھەرىكەت ئاڭلىقلىقى بىلەن شىنجاڭ تېببىي داشۆسىگە نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، شىنجاڭ تېببىي داشۆسىنىڭ ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پەنلەر قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پەن تەتقىقات ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، داۋالاش مۇلازىمىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، شىنجاڭ تېببىي داشۆسىنىڭ ئومۇمىي مەكتەپ باشقۇرۇش سەۋىيەسىنى كۈچلۈك ئۆستۈردى. ئىچكىرى رايونلاردىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چۆرىدەپ، نىشانلىق ياردەم بېرىش سالمىقىنى يەنىمۇ زورايتىپ، دىققەتنى ھەمكارلىشىپ يېڭىلىق يارىتىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئەقلىي جەھەتتە قوللاشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تېببىي ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، مائارىپ ـ داۋالاش ئىشلىرىدا يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىشنى ئالغا سىلجىتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ساغلام شىنجاڭ قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. شىنجاڭ تېببىي داشۆسى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىش سىياسىتى ۋە شىنجاڭغا ياردەم بېرىش بايلىقىنىڭ ئەڭ چوڭ ئۈنۈم ئېففېكتىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ماھىيەتلىك مەزمۇن شەكىلدىكى تەرەققىياتنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش تۈپ ۋەزىپىسىنى تېخىمۇ ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ۋەتەننى سۆيىدىغان، شىنجاڭنى سۆيىدىغان، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ ئۆزىنى بېغىشلايدىغان سوتسىيالىزمنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى تەربىيەلىشى كېرەك.

جياڭ جىيىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى چىقارغان مۇھىم، زور تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرما. جىلىن داشۆ شىنجاڭ تېببىي داشۆسىگە نىشانلىق ياردەم بېرىشنى مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئەلا كادىرلارنى تاللاپ شىنجاڭغا ياردەم بېرىشكە ئەۋەتتى؛ دىققەتنى پەنلەر تەرەققىياتىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيەسىنى كۈچەپ ئۆستۈردى؛ ئوقۇتۇش ئەندىزىسىدە يېڭىلىق يارىتىپ، بىرلىشىپ تەربىيەلەشنى ئەمەلىي ئالغا سىلجىتتى؛ بايلىق ئەۋزەللىكىنى بىرىكتۈرۈپ، خەلقئارا ئاقىللار ئامبىرىنى ئورتاق قۇردى؛ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا بىرلەشتۈرۈپ، شىنجاڭ تېببىي داشۆسى قارىمىقىدىكى 6 ـ دوختۇرخانىغا دەل جايىدا ياردەم بېرىپ، شىنجاڭ تېببىي داشۆسىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئەمەلىي كۈچىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشكە كۈچ چىقاردى. بۇنىڭدىن كېيىن، جىلىن داشۆ 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ياردەم بېرىش خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى زورايتىپ، خىزمەت ئەندىزىسىدە يېڭىلىق يارىتىپ، شىنجاڭ تېببىي داشۆسىنىڭ پەنلەر قۇرۇلۇشى سەۋىيەسى، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى سەۋىيەسى، ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش سۈپىتى، ئىلمىي تەتقىقات ئىقتىدارى، داۋالاش مۇلازىمىتى سەۋىيەسى ۋە مەكتەپ باشقۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بېرىپ، شىنجاڭنىڭ داۋالاش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تۆھپە قوشىدۇ.

يىغىندا، جۇڭگەن داشۆ قاتارلىق نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان قىسمەن ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مەسئۇل يولداشلىرى، شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلار ۋەكىللىرى پىكىر ئالماشتۇرۇپ سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاۋ چىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سۈن خۇڭبې يىغىنغا قاتناشتى.